كاملجان

# كېلىڭلار، ئاللاھنىڭ سۆيگۈ دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كېتەيلى!

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

كېلىڭلار! ئاللاھنىڭ سۆيگۈ دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كېتەيلى!

مانا ئالدىمىزدىكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە مۇبارەك رامىزان ئېيى كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ھەر دائىم كۈيىنىپ، مېھرى - شەپقەت كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىنسانغا چىن مۇھەببەت قىلىدىغان، ھەتتا ئازغۇنلۇققا پاتقان چاغدىمۇ يەنىلا ساخاۋەتكارلىق بىلەن نېمەت ۋە مەرھەمەتلىرىنى ئاتا قىلىپ تۇرىدىغان كائىناتتىكى سۆيۈملۈك مەھبۇبىنىڭ دەل ئاللاھۇ تائالا ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن مۆمىنلەر، پۈتۈن قەلب، ۋۇجۇدى بىلەن تەقەززا بولىدىغان ئاشۇ مۇبارەك رامىزان ئېيى كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

ئاللاھنىڭ پىداكار ئاشىق، پەرۋانىلىرى ئۈچۈن ۋىسال ساماسى، گۇناھكار، ئەمما كۆزلىرى ياشلىق تەۋبىكار مۆمىنلەر ئۈچۈن مەغفىرەتنىڭ ئابىھاياتى بولۇپ ھېساپلىنىدىغان، ۋىجدانى ئويغاق ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۇنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدىغان، يىل بويى باشقىلارغا سۆزلەشكە پېتىنالماي كېلىۋاتقان ئاھۇ - پەريادلارنى، قەلبىدە ساقلىنىۋاتقان دەرت - پىغانلارنى كېچىلىرى جەينامازدا ياش تۆكۈش بىلەن دەرتمەنلەرنىڭ غەمگۇزارى، ئاجىزلارنىڭ باشپاناھى ئاللاھۇ سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا نالە قىلىۋېلىش ئۈچۈن بىقارار تەشنا بولىدىغان ئەشۇ مۇبارەك رامىزان ئېيى كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

شۇنداق، قېرىنداشلار! سۆيۈملۈك ئاللاھۇ تائالامۇ تەڭداشسىز قۇدرىتىنىڭ مەزھىرى، ياراتمىش سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان بىز ئىنسانلارغا چەكسىز مېھرى - مۇھەببىتى ۋە مىسلىسىز ئەپۇ - رەھمىتى بىلەن ئالاھىدە يۈزلىنىدىغان، ئازغۇن بەندىلىرىگە "سىراتەل مۇستەقىم"نى كۆرسىتىش ئۈچۈن زېمىنغا ھىدايەتتىن نۇر چاچىدىغان، پەرىشتىلەرنى كوچا - كوچىلارغا توپ - توپ ھالدا ئەۋەتىپ، فەزىل - رەھمەت، ئەپۇ مەغفىرەتنى ئېلان قىلدۇرىدىغان ئەشۇ مۇبارەك رامىزان ئېيى كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

رامىزان، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە شۇ قەدەر پەزىلەتلىك ئايكى، ئاللاھۇ تائالا رامىزاننىڭ 1 - كېچىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا سەھىپە، 6 - كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسامغا تەۋرات، 13 - كۈنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىنجىل، 24 - كۈنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پۈتكول ساماۋىي كىتابلارنىڭ جۇغلانمىسى ھەم ئاخىرقىسى بولغان قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىپ بەرگەن.[1]

رامىزان، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە شۇ قەدەر ئەھمىيەتلىك ئايكى، ئاللاھۇ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۇنى ئالاھىدە ماختاپ:「رامىزان، ئىنسانلارغا يېتەكچى، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى پەرىقلەندۈرۈپ بەرگۈچى روشەن دەلىللەرنى تولغان قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنغان ئايدۇر」[2] دەپ مەخسۇس تىلغا ئالغان.

رامىزان، ئاللاھۇ تائالانىڭ بەندىلەرگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئىزھار سائەتلىرىدۇركى، ئاللاھ تائالا ھەربىر دەۋردە ئاداشقان، ۋاپاسىز ئىنسانلارنى ئازغۇنلۇق جاھالىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلۇك قەلبلىرىگە ئۆز سۆيگۈسىدىن ھارارەت بەخش ئېتىش ئۈچۈن دەل ئەنە شۇ چاغنى تاللىغان. ئىنسانلار ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزلىرىنى قەتئىي تاشلىۋەتمەيدىغان مەڭگۈلۈك ھەقىقىي ۋاپادار مەھبۇبىنىڭ ئاللاھدىن باشقا ھېچبىر زات ئەمەسلىكىنى ئۇنتۇپ، ئەرزىمەس، مەنىسىز ھەم باقاسىز شەيئىلەرگە قەلب سۆيگۈلىرىنى بەخشەندە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا ۋاپاسىزلىق قىلىۋاتقان، ئاللاھدىن يۈز ئۆرۈۋاتقان چاغلاردىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كامالى مېھرىبانلىقى بىلەن يەنىلا ئىنسانلاردىن يۈز ئۆرۈمەي، بەلكى ئۇلارغا ھەقىقىي سۆيگۈ - مۇھەببەتنى تونۇتۇش، ئىمان ۋە ھىدايەتنى مەرھەمەت قىلىش ئارقىلىق ئۆز ۋىسالىغا يەتكۈزۈشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن دەل ئەنە شۇ مۇبارەك رامىزاننى تاللىغان. شۇڭا قۇرئان كەرىممۇ دەل



رامىزان ئېيىدا، شىبھى قەدىر كېچىسىدە ئەرىشتىن زېمىن ئاسمىنىدىكى "بەيتۇل ئىززە"گە چۈشۈرۈلگەن، ئاندىن ئۇنىڭدىكى ئومۇمىي ئايەتلەر ئىنسانلارغا تاكى 23 يىلغا قەدەر بىر - بىرلەپ يوللاپ بېرىلگەن. مانا بۇ ۋەجىدىن قۇرئان كەرىم بىلەن رامىزان ئېيى ئوتتۇرىسىدا شۇ قەدەر ئايرىلماس مۇناسىۋەت شەكىللەنگەنكى، رامىزان ئېيى ھەتتا "قۇرئان ئېيى" دەپمۇ ئاتالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەر رامىزان ئېيىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى خەتمە قىلىپ ئۆتكۈزەتتى. ھەدىس شەرىپلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئاخىرقى رامىزان ئېيىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا ئىككى قېتىم قۇرئان خەتمە قىلىپ بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان.[3]

دېمەك، قېرىنداشلار! رامىزان ئېيى جەننەتنىڭ بىشارەتچىسى، رەھمەتنىڭ بۇلىقى، مەغفىرەتنىڭ خەۋەرچىسى، سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ ئىلاھىي سۈۋغىسىدۇر. ئەڭ سۆيۈملۈك پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھۇ تائالانىڭ ئۆز مەھبۇبلىرىغا ھەدىيە قىلغان ۋاقىت گۈلدەستىسىدۇر. قەلبلەرنى يورىتىدىغان ئۈمىت شامىدۇر.

ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر چەكسىزلىكىنى يەنە شۇنىڭدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللاھ تائالا بۇ سۆيگۈ سوغىسىنى مەرھەمەت قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەستىن، بەلكى يەنە ئۇنى قانداق قوبۇل قىلىش لازىملىقى، قانداق ئاسراش ۋە قانداق جاۋاپ قايتۇرۇش كېرەكلىكى ھەققىدىمۇ ئەترابلىق تەلىم بەرگەن. ھەمدە「كىمكى رامىزان ئېيىنى كۆرسە، تولۇق روزا تۇتسۇن」[4] دېگەن ھۆكۈم ئارقىلىق مۇھەببەتكە مۇھەببەت بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇشنىڭ يولىنى ئۆگەتكەن. شۇڭا بىز رامىزان ئېيىنى كۈتىمىز، ئۇنىڭغا تەشنا بولۇپ تەلپۈنىمىز، ئۇنى قەدىرلەيمىز. بۇ قىممەتلىك ئىلاھىي سوغىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈش ۋە لايىقىدا جاۋاپ قايتۇرۇش ئۈچۈن روزا تۇتىمىز. مانا بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز مۇسۇلمانلار روزا تۇتۇشتىن ئىلگىرى چوقۇم ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ياخشى چۈشىنىشىمىز لازىم. جۈملىدىن ئاللاھۇ تائالانىڭ سۆيگۈ ساۋغىسىغا جاۋابەن ئۆزىمىز تەييارلاۋاتقان روزىدىن ئىبارەت بۇ سوغاتنىڭ قانچىلىك ئەستايىدىل تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى، مەھبۇبىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن تەلىپىگە لايىق بولىۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەسلىدە زادى قانداق تەييارلىنىشى ۋە قانداق ئىخلاس بىلەن يوللىنىشى لازىملىقىنى ئوبدان بىلىشىمىز لازىم.

ئاللاھنىڭ بىزگە بولغان چەكسىز مېھرىبانلىقى يەنە شۇ يەردىكى، يۇقىرقى نۇقتىلاردىمۇ ئاللاھ بىزنى قاراڭغۇلۇقتا قويماستىن، بەلكى「ئى ئىمان ئېيتقۇچىلار! سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ روزا پەرز قىلىندى. ئۈمىدكى، تەقۋالىقنى ھاسىل قىلغايسىلەر」[5] دېگەن بىرلا ئايەت بىلەن روزا تۇتۇشنىڭ پەرزلىكىنى ۋە تارىخىي خاراكتېرىنى شۇنداقلا ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە توپ مەقسەتلىرىنى ئاجايىپ بەدىئىي شەكىلدە ئىخچاملاپ چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

بۇ ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، روزا تۇتۇش يالغۇز بىزگىلا پەرىز قىلىنغان يېڭى ئىبادەت بولۇپ قالماستىن بەلكى بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن بارلىق مۇسۇلمان ئۈممەتلەرگىمۇ ئوخشاش پەرىز قىلىنغان ئەزەلدىنلا مەۋجۇت قەدىمىي ئىبادەتتۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ تاكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدەر پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان ئىلاھىي شەرىئەتلەردە روزا تۇتۇش ئەنئەنىسى يەنى، مۇھەببەت سوۋغىسى ئالماشتۇرۇش ئەنئەنىسى (گەرچە شەكىل، سان، ئۇزۇن - قىسقىلىق جەھەتتە ئوخشاشمىسىمۇ) جارى بولۇپ كەلگەن. ھەتتا مانا بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇنيادىكى ئوخشاش بولمىغان ئېتىقاد، ئوخشاش بولمىغان دىنلارنىڭ ھەممىسىدە مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، مەلۇم بىر شەكىل بىلەن روزا تۇتۇش داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

مەسىلەن: ھەدىس شەرىپلەردە، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزا تۇتۇش ئادىتى بارلىقى ئوچۇق بايان قىلىنغان. يەھۇدىلار ھەققىدىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا «دەسلىۋىدە يىلدا 40

كۈن روزا تۇتاتتى، ئەمما كېيىنكى چاغدا ئۆزلىرىچە شەرىئەتنى ئۆزگەرتىۋېتىشكەن» دېگەن قاراشلار مەۋجۇت. ھۆججەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، يەھۇدىلارنىڭ " مەغفىرەت كۈنىنىڭ روزىسى" دېگەن بىر كۈنلۈك روزىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى مەلۇم. چۈنكى بۇ بىر كۈنلۈك روزا تەۋراتنىڭ "بەش سەپەر" ناملىق سەھىپىسىدە مەخسۇس تەكىتلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھۆكۈمران "سەۋىندومۇس" تەرىپىدىن تەۋرات پۈتۈنلەي يوقۇتىلىۋېتىلگەن ئەلەملىك كۈنلەرگە تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ يەھۇدىلار ئۆز كالېندارى بويىچە ھەر 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بىر كۈن روزا تۇتىدۇ ھەمدە ئىروسالىمنىڭ "ئېتىس" تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان كۈنى بىلەن " ھەيكەل سۇلايماني"نىڭ ئىككىنچى قېتىم قايتا چېقىپ تاشلىۋېتىلگەن ئازابلىق كۈنلىرىگە تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ ھەر 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بىر كۈن روزا تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئۈچىلى روزىسى ئىنتايىن موھىم ھېسابلىنىدۇ ۋە 24 سائەتكە قەدەر داۋاملىشىدۇ.[6]

ھىندىلاردىمۇ روزا تۇتۇش ئەنئەنىسى مەۋجۇت بولۇپ، گەرچە ۋاقتى بىلەن سانى مۇقەررەرلەشتۈرۈلمىگەن ھەمدە روزا تۇتۇش ئۇنچە قاتتىق تەكىتلەنمىگەن بولسىمۇ، ھىندىلارنىڭ دىندارلىرى ئۆز دىنىي پېشىۋالىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىنى قۇتلۇقلاش مۇراسىملىرىدا ۋە كۈن ياكى ئاي تۇتۇلۇش دېگەندەك غەيرى نورمال تەبىئەت ھادىسىلىرى يۈزبەرگەن ئەھۋاللاردا روزا تۇتۇشنى چىڭ تۇتۇپ كەلگەن. ئۇلاردا سەھەردىن تارتىپ چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچكە قەدەر روزا تۇتۇش ئادىتى ساقلانغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مېكسىكا ئىندىئانلىرىنىڭ دىنىي ئۆرپ - ئادەتلىرىدىمۇ يىلدا 160 كۈن روزا تۇتۇش يەنى، كۈن ئاتلاپ روزا تۇتۇش ئادىتى ساقلانغان. يەنە بەزى قەدىمقي دۆلەتلەردە توي قىلمىغان كىشلەرنىڭ زىناغا بېرىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن باھار پەسلىدە روزا تۇتۇش قانۇن قىلىنىپ بەلگىلەنگەن. بۇمۇ بىر نۇقتىدىن ھەدىس شەرىپلىرىمىزدىكى، « كىمكى ئايالى بولمىسا ھەمدە ئۆزىنى زىنادىن ساقلىماقچى بولسا، روزا تۇتسۇن » دېگەن مەزمۇنغا ئۇيغۇن كەلگەن بولىدۇ. ئىنجىلدا بايان قىلىنىشىچە، ئېيسا ئەلەيھىسسالامىمۇ پەيغەمبەرلىككە تەيىنلىنىشتىن ئىلگىرى مەلۇم بىر سەھرادا 40 كۈنگىچە روزا تۇتقان . دەسلەپكى خىرىستىيانلارمۇ شۇنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن روزا تۇتۇشنى ئادەتلەندۈرۈشكە باشلىغان، ئەمما ئۇنىڭ ئەمەلىلىشىش شەكلى كۆپ پەرقلىق بولغان. مىلادىنىڭ 439 - يىلىدىن ئىلگىرى روما شەھىرىنىڭ خىرىستىيانلىرى پەقەت ئۈچ ھەپتە روزا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرغان. ئەمما ئىسكەندەرىيەنىڭ خىرىستىيانلىرى بولسا، شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ساق يەتتە ھەپتە روزا تۇتۇشنى چىڭ تۇتقان. يەنى، ئۇلار ھەر يىلى 36 كۈن روزا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرغان. خىرىستىيانلار «باشقا مال - مۈلۈككە ئوخشاش يىللىق يېمەكلەرنىڭمۇ ئوندىن بىر قىسمىنى زاكاتقا ئايرىش لازىم» دەپ قارايدىغان بولغاچقا ئۇلارنىڭ قارىشىدا، بۇ گويا بىر يىلنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى ئاجراتقانلىق ھېسابلىناتتى. ھالبۇكى ئۇلاردا روزا 21 ياشتىن يۇقىرى بولغانلارغا پەرز قىلىنىدۇ ۋە ئەتىگىنى سەھەر ۋاقتىدىن تارتىپ چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچكىچىلا داۋام قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ يىلدا 36 كۈن روزا تۇتقانلىق مىلادىيە كالاندارى بويىچە بىر يىلنىڭ ساق ئوندىن بىر قىسمىغا توغرا كەلگەن بولىدۇ. سۇنەن ئىبنى ماجەدىكى بىر ھەدىستە، «كىمكى يىلدا بىر ئاي رامىزان روزىسىنى ساق تۇتسا ۋە ئاندىن رامىزان ئېيىدىن كېيىنكى شاۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتسا، پۈتۈن بىر يىل روزا تۇتقانغا باراۋەر بولىدۇ» دەپ بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ھەدىس ئەسلىدە قۇرئان كەرىمدىكى [كىمكى بىر ياخشىلىق قىلسا، 10 ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ][7] دېگەن ئايەتنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان. دېمەك، خىرىستىيانلارنىڭ مەزكۇر روزا تۇتۇش سانىمۇ مەلۇم نۇقتىدىن يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كەلگەن بولىدۇ[8]

قىسقىسى، روزا تۇتۇش ئەزەلدىنلا بارلىق دىنلاردا ئەنە شۇنداق ئەھمىيەتلىك



سانىلىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن مەقسەت ئىنسان ۋۇجۇدىدا ئاللاھقا بولغان چىن ئىخلاسنى پەيدا قىلىش ۋە يېتىلدۈرۈش بولۇپ، بۇ مەقسەتنى روزىدىن باشقا چارە بىلەن قەتئىي قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.

ھۆرمەتلىك قىرىنداشلار! ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ماددىي، مەنىۋىي، روھىي، ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز مەقسەت قىلىنمىغان بىرمۇ ئىبادەتنى پەرز قىلغان ئەمەس. ئاللاھ پەرز قىلغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى پەقەتلا بىز بەندىلەرنىڭ سوپەت - ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن يەنى، ئاللاھنىڭ يۈكسەك مەرھەمىتىگە لاياقەتلىك تەربىيلەش ئۈچۈنلا بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئاللاھ ئۆزى ھەرقانداق پايدا- مەنپەئەتلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن خالىي زاتتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا: □ ئى ئىمان ئېيتقۇچىلار! سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ روزا پەرز قىلىندى□ دېگەن ئايەت كەرىمە بىلەن روزىنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي خاراكتېرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئارقىدىنلا □ئۈمىتكى، تەقۋالىقنى ھاسىل قىلغايسىلەر□ دېگەن ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن روزا تۇتۇشنىڭ پەقەتلا ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە تەشەككۇر بىلدۈرۈشنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئاللاھنىڭ جەننىتىنى ئىبارەت كاتتا ئىنئامىغا سازاۋەر بولۇشنىڭ بىردىن - بىر ۋاستىسى بولغان تەقۋالىقنى ھاسىل قىلىشنىڭمۇ ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن.

دېمەك، روزا خۇددى باشقا بارلىق ئىبادەتلەرگە ئوخشاش بىز ئىنسانلارنى لاياقەتلىك تەربىيلەپ چىقىدىغان مەنىۋىي مەكتەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ باشقا ئىبادەتلەر بىلەن بولغان پەرقى شۇ يەردىكى، روزا شەكىل جەھەتتە بەندە بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مەخپىي ئىبادەت بولۇپ سانىلىدۇ. چۈنكى ناماز، زاكات، ھەج، جىھاد قاتارلىق ئىبادەتلەرنى باشقىلارمۇ كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە ئادا قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەمما روزىنى بولسا، روزىدار بىلەن ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق بىرسى قاراپ بىلەلمەيدۇ.

مەسىلەن: سىز ئەتىگىنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا سوھورلۇق يەپ قويۇپ، كۈندۈزدە ھېچ كىشىگە كۆرۈنمەستىن مەخپىي يەپ - ئىچىپ يۈرسىڭىزمۇ كىشىلەر يەنىلا سىزنى "روزا تۇتتى" دەپ بىلىۋېرىدۇ. سىزنىڭ ئەسلى روزا تۇتمىغانلىقىڭىزنى ئاللاھدىن باشقا ھېچ كىم بىلەلمەيدۇ. مانا بۇ نۇقتىدىن روزىنى ئىخلاسمەنلىكنىڭ يادروسى، ئىماندىكى مۇستەھكەملىكنىڭ مۆئەييەن ئالامىتى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئاللاھنىڭ پۈتۈن غەيبلەرنى بىلگۈچى ئىكەنلىكىگە، پۈتكۈل مەخپىي ھەركەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەنگەندىلا ئاندىن بىر ئايدا ئاز دېگەندە 360 سائەت، كۆپ بولغاندا 420 سائەت يېمەي، ئىچمەي روزا تۇتالايدۇ. ئىسسىقتىن گالىلىرى قۇرۇپ سۇغا قاغجىراپ كەتكەن چاغدىمۇ، بىرەر يۇتۇم سۇ ئىچىپ سېلىشنى قەتئىي راۋا كۆرمەيدۇ. ئاچلىقتىن باشلىرى قېيىپ، كۆزلىرىگە قان يۈگۈرگەندىمۇ بىرەر لوقمىنى گېلىدىن ئۆتكۈزۈشكە ۋىجدانى قويمايدۇ. ئەگەر ئاللاھقا ئەنە شۇنداق كۈچلۈك ئىمانى بولمىسا ياكى «دۇنيادىن يوشۇرۇپ قىلىۋاتقان مەخپىيەتلىكىمنى ئاللاھدىنمۇ يوشۇرۇپ قالالايمەنغۇ» دېگەندەك كىچىككىنە دەرگۇمانى بولسا، بۇنچە ئۇزۇن مۇددەتكىچە ھېچبىر سىرتقى بېسىم بولمىغان ئازات شارائىتتىمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن روزا تۇتۇش رىيازىتىگە بەرداشلىق بېرىش قەتئىي مۇمكىن بولمايدۇ.

دېمەك، روزا بەندىلەرگە نىسبەتەن بىر ئايلىق چېنىقىش بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئىمانىنى ئىزچىل تۈردە سىناپ ماڭىدۇ. ئىنسان بۇ سىناققا قانچە بەرداشلىق بەرگەنسىرى ئىمانىي شۇنچە قۇۋۋەت تاپىدۇ. ھەر كۈنى 14 سائەت سىنىلىش ۋە چېنىقىش ئارقىلىق ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا ئاللاھنىڭ يەنە باشقا ئامانەتلىرىگىمۇ مەسئۇل بولۇش ۋە تاپشۇرغان ۋەزىپىلىرىنىمۇ بېجانىدىل ئورۇنداش

سالاھىيىتى تەرەققى قىلىدۇ. ئاللاھدىن قورقۇپ گۇناھ، مەسىيەتلەردىن ساقلىنىدىغان، ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن قانۇنلارغا قەتئىي رىئايە قىلىدىغان ئالىي خۇسۇسىيەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. ھەر كۈنى سەھەردە بەلگىلەنگەن چاغدا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە تاماق يېيىش، ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى شام ۋاقتىغىچە يەپ - ئىچىشتىن قەتئىي پەرھىز قىلىش ۋە بۇ جەرياندا مەلۇم ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراپ، يەنە مەلۇم ئىشلارنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش، ئاندىن شام كىرگەن ھامان ئىپتار قىلىپ نامازغا يۈگرەش، نامازدىن كىرىپ، تاماق يەپ، بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن ئەزان چىققان ھامان يەنە خۇپتەن بىلەن تاراۋىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەسجىدكە چېپىش دېگەندەك زەنجىرسىمان مۇقىم تەرتىپ، تۈزۈم بىلەن مۇسۇلمانلارنى گويا ھەربىي مەشىق قىلدۇرىدۇ. بۇ بىر ئايلىق ھەربى مەشىق تاماملانغاندىن كېيىن كۆرگەن تەربىيىنىڭ تەسىرىنى نامايەن قىلدۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر يىلغا قەدەر ئەركىن قويۇپ بېرىدۇ ۋە كەم قالغان تەرەپلىرىنى قايتىدىن تولۇقلاپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىككىنچى يىلى يەنە بىر ئايلىق ھەربى مەشىق باشلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ خىلدىكى مەشىق ئۈچۈن ھەر بىر ئىنساننى ئايرىم - ئايرىم چېنىقتۇرۇش ھەرگىز مۇناسىپ بولمايدۇ. ھەربىلەرگە قارايدىغان بولساقمۇ، توپ - توپ بولۇپ مەشىق قىلىۋاتقانلىقىنى، بىرلا دۇدۇك بىلەن ھەممەيلەن ئوخشاش چاغدا قوپۇپ، ئوخشاش مەشىقنى داۋاملاشتۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنداق قىلىش ھەربىلەرنىڭ ئۆز - ئارا ھەمكارلىق روھىنى ئۇرغۇتۇشقا، بىر - بىرىنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئىنتايىن پايدىلىق بولىدۇ. ئىسلاممۇ رامىزان ئېيىدا بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئوخشاش ۋاقىتتا بىردەك روزا تۇتۇشقا ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق بۇ يەككە ئىبادەتنى ئىجتىمائىيلاشتۇرىدۇ. روزا تۇتۇش بىلەن قولغا كېلىدىغان روھىي، ئەخلاقىي ئەۋزەللىكلەرنى پۈتۈن جەمئىيەتكە ئومۇملاشتۇرىدۇ. بىر ئايلىق رامىزان مۇھىتى ئاجايىپ تەقۋادارلىقنىڭ روھىغا پۈركىنىپ كېتىدۇ. گويا پۈتۈن مىللەتنىڭ تەقۋالىق بوستانلىرى قايتىدىن ياشناپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ. بارلىق مۇسۇلمانلار بۇ ئاي ئىچىدە يالغۇز ئۆزىنىلا يامانلىقتىن ساقلاپ قالماستىن، بەلكى باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزۈتىشكىمۇ تىرىشىدىغان بولىدۇ. بىر - بىرىگە غەمخان، غەمگۇزار، ياردەمچىگە ئايلىنىدۇ. مەسجىدلەرنىڭ سەپلىرى تولۇپ كېتىۋاتقان، ھەممەيلەن روزىدارلىق ھالىتىدە ئاشكارە گۇناھ قىلىپ سېلىشتىن خىجىللىق ھېس قىلىۋاتقان، ئۆزلۈكسىز ياخشىلىق قىلغۇسى كېلىپ، غېرىبلارغا تاماق، يالاڭاچلارغا كىيىم بېرىۋاتقان، قانداقلا يەردە ياخشىلىق بولسا، دەرھال ھەسسە قوشۇپ، يامانلىقنى كۆرگەن يەردە توسۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان ئاجايىپ ئېسىل روھانىي مۇھىت شەكىللىنىدۇ. خۇددى باھار پەسلى كېلىپ، بارلىق دەل - دەرەخ، ئېتىز، باغۇ - بوستانلار ياشناپ كەتكەندەك، تەقۋالىقنىڭ سەمەر باھارى كەلگەن بولىدۇ. بۇ ھەقتە فىرانسىيەلىك خىرىستىيان ئالىم دوكتور "ژوفرائىي" ئۆزىنىڭ يېقىندا نەشىر قىلىنغان "روزا" ناملىق ئەسىرىدە ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمايدىغان ئاجايىپ يېڭى بايقاشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«روزا يالغۇز ئىنسانلاردىلا ئەمەس، بەلكى كائىناتتىكى ھەممە نەرسىدە ئومۇملاشقان بولۇپ، دەل - دەرەخ، ھايۋانلارنىمۇ مىسال ئېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: نۇرغۇنلىغان ھايۋانلار قىش پەسلى كېلىپ قار ياغقان چاغلاردا يەيدىغانغا ئوت ۋە باشقا ئوزۇقلۇق تاپالماي قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاچ يۈرۈشى ھەتتا نەچچە ئايلارغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. بولۇپمۇ بەكرەك سوغۇق بولىدىغان رايونلاردا قار، موز دەستىدىن نەچچە ئايغىچە زېمىننىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇنچە ئۇزۇن مۇددەت ئاچ يۈرۈپمۇ يەنىلا ئۇلار ئۆلۈپ قالمايدۇ. تەتقىقاتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ھايۋاناتلار، ئۇچار قۇش، يىلان قاتارلىقلار بۇنداق چاغدا تاغ ئۆڭكۈرلىرىگە كىرىپ، ئۇيقۇغا كېتىدۇ. بۇ خىل ئۇيقۇ ئىنگلىزچىدە



(Hibernation) (يەنى ئۈچەككە كىرىش) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ داۋامى ھەپتە، ئايلارغا قەدەر سوزۇلىدۇ. دېمەك، ھايۋانلار ئەنە شۇنداق بىر مەزگىل يېمەكتىن مەھرۇم روزا ھالىتىدە ياشىغاندىن كېيىن بىردىنلا قايتىدىن ياشلىنىپ كېتىدۇ. قىش پەسلى كېتىپ، باھار پەسلى كەلگەندە، غار، ئۆڭكۈرلەرگە كىرىۋالغان قۇشلارنىڭ كونا قانات، پەيلىرى چۈشۈپ، يېڭىدىن پەي، قانات چىقىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى - روپى، پارلاقلىقى، ھەتتا كۈچ - قۇۋۋەتلىرى ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ تەرەققى قىلغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك يىلانمۇ كونا تېرىسىنى تاشلاپ يېڭى، تېخىمۇ پارلاق تېرىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ چاغدا پۈتۈن جانلىقلار ھەقىقەتەن قايتىدىن ياشلىق قۇۋۋىتىنى ھاسىل قىلغان بولىدۇ. ئەركەك - چىشى جانۋارلارنىڭ ھەممىسى جۈپلىشىشكە، ئۆز سانىنى ئاۋۇتۇشقا قايتىدىن كىرىشىپ كېتىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك دەرەخلەرمۇ قىش پەسلىدە ياپراق تاشلايدۇ، ئۇلارنى ھېچقانداق شەكىلدە سۇغۇرۇش بولمايدۇ. گويا دەرەخلەرمۇ روزا تۇتقان بولىدۇ. بۇنداق روزا مۇددىتى بەزى جايلاردا نەچچە ھەپتە، يەنە بەزى جايلاردا نەچچە ئاي داۋام قىلىدۇ. روزا تاماملانغاندىن كېيىن دەرەخلەرمۇ قايتىدىن ياشىرىشقا باشلايدۇ. يېڭىدىن بىخ ئۇرۇپ يېڭى ياپراقلارنى، يېڭى چېچەك، يېڭى مېۋىلەرنى چىقىرىشقا باشلايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ قايتىدىن قۇۋۋەت تاپقانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ»

دوكتور ژوفرائىي ئۆزىنىڭ بۇ خىل بايقاشلىرى ئاساسىدا، ئىنسانلارنىڭمۇ چوقۇم ھەر يىلى روزا تۇتىشى كېرەكلىكىنى، روزىنىڭ تەن - سالامەتلىككە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، ئىنسانغا قايتىدىن يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ۋە شۇ ھەقتە ناھايىتى ئۇزۇن توختۇلۇپ، ھەتتا دورا بىلەن ساقايتقىلى بولمايدىغان بەزى كېسەللىكلەرنىڭ روزا تۇتۇش بىلەن شىپا تاپىدىغانلىقىنىمۇ تىببىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بەرگەن.[9]

دېمەك، قېرىنداشلار! روزا ئىمانىمىزنىڭ باھارىدۇر، تەقۋالىقىمىزنىڭ پەلەك سۆيىشى، ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ، ئىخلاسىمىزنىڭ جەۋلان قىلىشى، روھانىيىتىمىزنىڭ ئەخلاقتىن قانات ياساپ، پەرۋاز قىلىشى، جىسمانىيىتىمىزنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت بىلەن تولۇپ تېشىشىدۇر.

ئەمما مىڭ ئەپسۇسكى، بىز ھازىرقى دەۋر مۇسۇلمانلىرى بۇ قىممەتلىك مەنپەئەتلەرنى گەرچە رامىزاننىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدا بىر ئاز كۆرگەندەك قىلساقمۇ، رامىزان ئېيى چىقىپ كېتىش بىلەنلا ھېچ يەردىن كۆرەلمەيمىز. ھالبۇكى، بۇ بىر ئايلىق ئىمانىي ياشىرىشنىڭ تەسىرىنى، قايتىدىن قۇۋۋەت تاپقان تەقۋالىقىمىزنىڭ سەمەرىسىنى رامىزاندىن كېيىنكى 11 ئايدا نامايەن قىلالىساق، ئاندىن روزا تۇتۇشنىڭ مەقسىتىنى ھاسىل قىلغان، قەلبىمىز ئاللاھ سۆيگۈسىدىن ھارارەت تاپقان بولۇپ ھېسابلىناتتى. قېنى ھەممىمىز ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقايلى! ئەجەبا بىز رامىزان روزىسىدىن ئەنە شۇنداق نەتىجە قازىنالاۋاتىمىزمۇ؟ ئەگەر بىر ئاي ساق روزا تۇتۇپمۇ يەنىلا ئۇنداق نەتىجە قازىنالمايۋاتقان بولساق، بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟! ياكى روزا ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز تەسىر كۈچىنى يوقۇتۇپ قويدىمۇ؟!

«بۇ سوئاللارنىڭ مېغىزلىق قىسقا جاۋابى شۇكى، بىرىنچىدىن، بىز ئىسلامنىڭ بىر پۈتۈنلىگىنى پارچىلاپ تاشلاپ، ئۇنىڭغا يات پىكىرلەرنى سىڭدۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ تار، قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىغىلا قامال قىلىپ قويىۋاتماقتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈنلا قىلىۋاتقان ئىبادەتلىرىمىز ئۇنداق يۈكسەك نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيۋاتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىبادەت ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز، نۇقتىي نەزەر، تەسەۋۋۇرلىرىمىز تۈپتىن ئۆزگىرىپ كېتىپ بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈنلا پۈتۈن دىققىتىمىز ئىبادەتلەرنىڭ تاشقى شەكلىگىلا مەركەزلىشىپ قىلىپ، تۈپكى مەقسەت، ئىچكى ماھىيەتلىرىگە ئېتىبارسىز قارىماقتىمىز. شۇ تۈپەيلى رەسمىيەت شەكلىدىلا ئورۇندىلىۋاتقان بۇ ئىبادەتلىرىمىز ئۇنداق ئېسىل نەتىجىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

بۇنى تېخىمۇ يېشىپ، مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

ھەر قانداق بىر ئىشتا، بىرى، شۇ ئىشنى قىلىشتىكى مەقسەت، يەنە بىرى، مەقسەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ھەرىكەت شەكلى قاتارلىق ئىككى موھىم ئامىل بولىدۇ. مەسىلەن: ئاماقنى يېيىشتىكى تۈپ مەقسەت جىسىمغا كۈچ ـ قۇۋۋەت ھاسىل قىلىپ، ھاياتنى داۋام ئەتتۈرۈش بولسا، بۇ مەقسەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن لوقمىنى ئېلىش، ئاندىن ئېغىزغا سېلىش ۋە چىش بىلەن چايناپ گالدىن ئاشقازانغا ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئاشقى ھەرىكەتلەرنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئەسلىدىكى مەقسەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئۈنۈملۈك ھەرىكەت شەكلىنى تاپقىلى بولمايدۇ. دېمەك، ئەڭ موھىمى ئاماق يېيىشتىكى مەقسەتنى قولغا كەلتۈرۈش بولۇپ، ئاماق يېيىشنىڭ ھەرىكەت شەكلى بولسا، ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ئۇنچە موھىم ئورۇندا تۇرالمايدۇ. ناۋادا بىر كىشى ئاماق يېيىشنىڭ ھەرىكەت شەكلىنىلا ئەسلىدىكى مەقسەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىپ «شۇنى ئادا قىلسامىلا ئىش تامام بولغان بولىدۇ» دەپ ئويلاپ، ناش، چالما، ياغاچ بولسىمۇ، چايناپ يېيىشكە باشلىسا، ياكى ياخشى ئاماقلارنى يەپ، ئارقىدىن «مەن لوقما ئېلىش، ئېغىزغا سېلىش، چايناش، يۇتۇش قاتارلىق ئاماق يېيىشنىڭ تۆت ئەركانىنى ئادا قىلىپ بولدۇم. ئەمدى ۋەزىپەم پۈتتى. شۇڭا ئاماقنى بېكاردىن ئاشقازاندا ساقلاپ يۈرگىچە قۇسۇپ چىقىرىۋەتسەممۇ بولىدۇ» دەپ چۈشىنىدىغان بولىۋالسا، ھەتتا كارنىيىغا قولىنى تىقىپ، يېگەن ئاماقنى قۇسۇپ چىقىرىشقا ئادەتلىنىۋالسا، بىز ئۇ كىشىگە زادى نېمە دەپ باھا بېرەرىمىز؟! «ئەقىلدىن ئاجراپتۇ» دېمەي تۇرالارمىزمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى «مەن ئاماق يېيىشنىڭ سىلەر سۆزلەۋاتقان پايدىسىنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئەكسىچە سالامەتلىكىم زىيانغا ئۇچراۋاتىدۇ » دەپ شىكايەت قىلىپ كەلسىچۇ؟

قېرىنداشلار! ناۋادا مەن كەلتۈرىۋاتقان بۇ ئاچچىق مىسال ئۈستىدە ئازراقلا تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، يالغۇز روزىلا ئەمەس، بەلكى باشقا بارلىق ئىبادەتلىرىمىزنىڭمۇ نېمە ئۈچۈن تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

دەرۋەقە، بىز سادىر قىلىۋاتقان ئەڭ چوڭ خاتالىق ناماز، روزا، ھەج قاتارلىق ئىبادەتلىرىمىزنىڭ زاھىرىي ئەركانلىرىنىلا "ئىبادەت" دەپ چۈشىنىۋېلىپ، «كىمكى ئەشۇ ئەركانلارنى جايىدا ئادا قىلسىلا، ئاللاھقا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ» دېگەن تونۇشقا كېلىپ قالغانلىقىمىزدىن ئىبارەتتۇر. دېمىسىمۇ، ئىبادەتنى ئادا تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەركانلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىش ئىنتايىن موھىم. ئەمما ئۇ قانداقتۇر ئادەم ئادا قىلغان ھامانلا نومۇرلىرىدا بىردىنلا نەقۋالىق ئۆركەشلەپ كېتىدىغان سىرلىق تىلسىمات، ياكى سېھرى، جادۇ ئەمەس. بەلكى خۇددى يېگەن ئاماق ئاشقازاندا ھەزىم بولغاندىلا قانغا ئايلىنىپ بەدەنگە قۇۋۋەت بەرگەنگە ئوخشاش، ئىددىيىۋى ئاشقازاننى ۋە مەنىۋى ھەزىمچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئامىلدۇر. ئەمما بىزدىن ئاز دېگەندە 99 پىرسەنتىمىزنىڭ ئىبادەتلەرگە بولغان تونۇشى خۇددى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك «ئاماق يېيىش دېگەنلىك ـ لوقمىنى ئېلىش، ئېغىزغا سېلىش، چايناش، يۇتۇش قاتارلىق تۆت ئەركانىنى ئادا تاپقۇزۇشتىنلا ئىبارەت، مەيلى ئۇ تاش، تۇپراقنى يېگەن تەقدىردىمۇ ئەشۇ ئەركانلارنى ساق ئادا قىلسىلا ئاماق يېگەن بولۇۋېرىدۇ» دەپ قارايدىغان ھاماقەتلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇنداق ئەمەس دەيدىكەنمىز، قېنى ئېيتىپ باقمايلىمۇ، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن، روزا تۇتۇپ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىۋاتقان ھالەتتە تورۇقلۇق جېدەل ـ ماجىرا قىلىمىز؟ نېمە ئۈچۈن غەيۋەت قىلىش، يالغان سۆزلەش، ئېغىزىمىزدىن بولمىغۇر گەپلەرنى چىقىرىش، سۇخەنچىلىك، كۆرەلمەسلىك، تەكەببۇرلۇق قىلىش، باشقىلارنىڭ ھەققىگە چاڭ سېلىش، ھەر خىل نومۇسلۇق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق گۇناھلارنى تەڭ سادىر قىلىمىز؟ نېمىگە ئاساسەن مۇشۇ بارلىق قىلمىشلارنى روزا بىلەن بىرلىكتە سادىر قىلىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئۆزىمىزنى "ئاللاھقا ئىبادەت قىلدۇق" دەپ ھېسابلايمىز؟ ھەقىقەتتە بۇ قىلمىشىمىز خۇددى ئەخلەت، چاۋالارنى يەپمۇ «مەن ئاماق يېيىشنىڭ ئەركانىنى تولۇق ئادا قىلغان



بولغاندىكىن، ئەمدى ئاماق يېگەن بولدۇم » دېگەنلىكىمىز بولمامدۇ؟ قېنى ئېيتىپ باقايلى ! ئارىمىزدىن زادى قانچىلىك كىشى روزا ھېيت كۈنىدىن ئارتىپلا ئۆز ئەمەلىيىتىدە تەقۋالىقنىڭ ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ بەك كۈچلەنگەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ؟ زادى قانچىلىك كىشى رامىزاننىڭ تەسىرىنى كېيىنكى ئايلاردىمۇ ساقلاپ قالالايدۇ؟

مانا بۇلار نۆۋەتتىكى بىز ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئەڭ موھىم مەسىلىلەردۇر. مەن سىلەرگە يەنە شۇنى قايتا تەكرارلاپ قويايكى، بىزنىڭ ئىبادەتلەرگە بولغان چۈشەنچىمىز پۈتۈنلەي تەتۈرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بىز ئۆز كۆڭلىمىزدە «بامداتتىن ئاماشامغىچە ئاماق يېمەسلىك دەل روزا تۇتقانلىق، ئىبادەتنى جايىدا ئادا تاپقۇزغانلىق بولىدۇ» دەپ قارايمىز. شۇڭا روزىنى شۇنچە ئاسرايمىز، ھەتتا ئاللاھدىن شۇ دەرىجىدە قورقايمىزكى، روزىنى بۇزۇپ قويىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىمىز. ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قالغان تەقدىردىمۇ روزىنى بۇزۇشقا پېتىنالمايمىز. ئەمما ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاچ يۈرۈشنىڭ ئىبادەت ئەمەس، بەلكى ئىبادەتنىڭ تاشقى شەكلى ئىكەنلىكىنى، بۇ شەكىلنى بەلگىلەشتىن مەقسەت قەلبىمىزدە ئاللاھقا بولغان ئىخلاس، مۇھەببەتنى پەيدا قىلىش، ئەمەللىرىمىزدە تەقۋادارلىقنى بارپا قىلىش ئىكەنلىكىنى قەتئىي خىيالىمىزغا كەلتۈرمەيمىز. روزىدىن ئىمانىي قۇۋۋەت ھاسىل قىلىپ، ئاللاھ نارازى بولىدىغان ھەرقانداق ئىشتىن گەرچە پۈتۈن دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى بولسىمۇ ۋاز كېچەلەيدىغان، ئاللاھ رازى بولىدىغان ھەرقانداق ئىشقا گەرچە ھەرقانچە قورقۇنچلۇق خېيىم ـ خەتەرلەر ئالىيىپ تۇرسىمۇ مەردانىلەرچە قۇچاق ئاچالايدىغان روھنى ھاسىل قىلىشنى ئويلىمايمىز. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇخىل روھنى ھاسىل قىلىش ئىچكى مەقسەت، ماھىيەتلىرىنى ياخشى چۈشەنگەن ھالدا ئىخلاس بىلەن روزا تۇتۇپ، تاكى بىر ئايغا قەدەر ئاللاھنىڭ رازىلىقى بويىچە يول يۈرۈشنى مەشىق قىلماي ۋە قىلغان مەشىقىمىزنى ئەمەلىيىتىمىزدە ئىشقا سالماي مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بىز بۇ بىر ئايلىق مەشىقنى ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدىغان ئالى سۈپەتلەرنى ئاي ئۆتكەن ھامانلا خۇددى ئاماق يەپ بولۇپ، كارنىيىغا قولىنى تىقىپ قۇسۇپ چىقىرىۋەتكەن ھاماقەتلەردەك قۇسۇپ چىقىرىۋېتىمىز. بەلكى تېخى بەزىلىرىمىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئەمەس، ھەتتا ئىپتار قىلغاندىن كېيىنلا بىر كۈنلۈك ھاسىل قىلغان تەقۋالىقنى دەرھال قۇسۇشقا باشلايدۇ. شۇنداق ئىكەن، روزا تۇتۇش بىلەن قولغا كېلىدىغان ئەشۇ تەڭداشسىز ئىمانى قۇۋۋەتلەرنى قانداقمۇ ھاسىل قىلغىلى بولسۇن؟ بۇ يەردە شۇنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ قويۇش كېرەككى، بىز روزىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى، ئىچكى ماھىيەتلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئىددىيە، قەلبلىرىمىزگە سىڭدۈرەلىگەندە، ئۇنى ئوي، تەپەككۇر، ئىرادە، نىيەت، ئەمەل، پائالىيەتلىرىمىزدە ئىجرا قىلالىغاندا ئاندىن روزىدىن ھاسىل بولىدىغان روھانىي قۇۋۋەتلەرگە سازاۋەر بولالايمىز. شۇڭا ئاللاھ تائالامۇ ئايەت كەرىمىدە «سىلەرگىمۇ روزا پەرىز قىلىندى. ئۈمىدكى، تەقۋالىقنى ھاسىل قىلغايسىلەر» دېگەن بولۇپ، ھەرگىزمۇ «روزا پەرىز قىلىندى، ئەمدى تەقۋالىقنى ھاسىل قىلىسىلەر» دېمىگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، روزىنىڭ ئەشۇ قىممەتلىك نەتىجىلىرى ئىنساننىڭ پىكىر، چۈشەنچىسىگە ۋە نىيەت ئىرادىسىگە باغلىقتۇر. كىمكى ئۇنىڭ مەقسەت، ماھىيىتىنى چۈشىنىپ ئورۇندىسا، تەقۋالىقنى ھاسىل قىلالايدۇ، ئەمما چۈشىنىپ ئورۇندىمىغان كىشى ھېچ نەرسىنى ھاسىل قىلالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ روزىنىڭ تەقۋالىقنى ھاسىل قىلىش ئاساسىدىكى يەنە باشقا نۇرغۇن مەقسەتلىرىنى ئۆز ھەدىسلىرىدە ھەر خىل يوللار بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن. بىر ھەدىستە روزا ئارقىلىق يالغانچىلىقتىن ساقلىنىشقا ئادەتلىنىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ: □ كىمكى يالغان سۆزلەش ۋە يالغانغا ئەمەل قىلىشنى تاشلىمىغان بولسا، ئۇنىڭ يېمەك، ئىچمەكنى تاشلىغانلىقىغا ئاللاھنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق□ دەپ تەكىتلىگەن.

يەنە بىر ھەدىستە: «نۇرغۇنلىغان شۇنداق روزىدارلارمۇ باركى، ئۇلار ئاچلىق ھەم ئۇسسۇزلۇقتىن باشقىغا ئېرىشەلمەيدۇ. يەنە نۇرغۇنلىغان كېچىسى ناماز قىلىدىغانلار باركى،

ئۇلار ئۆزە تۇرغاندىن باشقىغا ئېرىشەلمەيدۇ» دېگەن ئىدى.

مانا بۇ ھەر ئىككى ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇ قەدەر ئوچۇق ئىكەنكى، ئۇنىڭدىن يېمەي، ئىچمەي يۈرۈش ئىبادەت ئەمەس، بەلكى ئىبادەتنىڭ ۋاستىسىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، ئەسلى ئىبادەتنىڭ ئاللاھدىن قورقۇپ، شەرىئەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىش، ئاللاھقا بولغان چوڭقۇر ئىشتىياق ئاساسىدا ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ھەر بىر ئىشقا ئۆزىنى ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە روزىنىڭ ئەسلى مەقسىدىنى چۈشەندۈرۈپ: «كىمكى ئىمان بىلەن ۋە "ئىھتىساب" (يەنى، جاۋابكارلىق تۇيغۇسى) بىلەن روزا تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن ئىدى.

ھەدىستىكى "ئىمان" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەرقانداق مۇسۇلماندا ئاللاھقا نىسبەتەن مەۋجۇت بولىشى موھىم بولغان ساغلام ئەقىدىنى پۈتۈن قەلب، ئىددىيىسىگە سىڭدۈرگەن بولىشى لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ. "ئىھتىساپ" (يەنى، جاۋابكارلىق تۇيغۇسى ) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، ھەر دائىم ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا تەلەبكار بولغان ھالدا ئۆزىنىڭ ئىددىيە، تەپەككۇر، ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا خىلاپ بىرەر ئىشنى سادىر قىلىپ سالماسلىققا قاتتىق دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇ ھەر ئىككى خۇسۇسىيەتنى مۇجەسسەم قىلغان ھالدا ھەرقانداق ئادەم رامىزان روزىسىنى تولۇق تۇتىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنىدۇ.

يەنە بىر ھەدىستە روزىنىڭ گۇناھتىن ساقلايدىغان قالقان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «روزا قالقانغا ئوخشايدۇ، (خۇددى قالقان دۈشمەننىڭ زەربىسىدىن قوغدىغاندەك، روزىمۇ شەيتاننىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدايدۇ) شۇڭا روزا ھالىتىكى ھەرقانداق كىشى (بۇ قالقاننى ئىشلىتىپ) بۇزۇقچىلىقتىن ساقلانسۇن، ناۋادا بىرسى ئۇنى ھاقارەتلىسە ياكى ئۇنىڭ بىلەن جېدەل قىلسا، ئۇنىڭغا: "مەن روزىدارمەن، (يەنى مەندىن ئۆزەڭگە ئوخشاش بىمەنە ئىشلارغا ئارىلىششنى ئۈمۈت قىلمىغىن)" دەپ جاۋاپ بەرسۇن»

يەنە بىر ھەدىستە روزىنىڭ ئىنساننى ياخشىلىققا ھېرىسمەن قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، روزىدار ھالەتتىكى چاغدا قېرىنداشلىرىغا قىزغىن، ياخشىلىققا ھېرىسمەن بولۇش لازىملىقىنى، بولۇپمۇ روزا تۇتۇپ ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلۇقنىڭ تەمىنى تېتىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتلەردە، غېرىپ - غورۋا، ئاچ - يالىڭاچ باشقا قېرىنداشلىرىغا غەمخورلۇق قىلىش، غەمخان، غەمگۇزار بولۇش ھېسسىياتىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرىشى لازىملىقىنى قاتتىق تەكىتلىگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بايان قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىمۇ رامىزان ئېيىدا باشقا چاغلاردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ بەك مېھرىبان، شەپقەتلىك، يۇمشاق كۆڭۈل بولۇپ كېتەتتى. ھېچ بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن قورۇق قول قايتمايتتى. ھەتتا رامىزاندا گۇناھكارلارمۇ تۈرمىگە ئېلىنمايتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز - ئارا كۆيۈم، شەپقەتنى تەكىتلەپ بىر ھەدىستە: « كىمكى، رامىزاندا بىرەر روزىدارنى ئىپتار قىلدۇرسا، بۇ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغفىرەت قىلىنىشىغا ۋە بوينىنى دوزاق ئوتىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا سەۋەبكار بولىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە روزىدارنىڭ ساۋابىنى ھېچ كېمەيتمىگەن ئاساستا خۇددى روزىدارنىڭ ساۋابى بىلەن ئوخشاش مىقداردا ساۋاب بېرىلىدۇ» دېگەن ئىدى.[10]

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! سۆيۈملۈك ئاللاھىمىزنىڭ رامىزاندىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار مەرھەمىتىنى ۋە بىز خەستە بەندىلەرگە يوللىغان بۇ گۈزەل سۆيگۈ سوۋغىسىنى ئىككى قوللاپ ئېلىشقا يوگىرەيلى! ئۇنىڭ بىلەن ھاياتىمىزنى رەڭلەندۈرۈپ، زىننەت بېرەيلى! پۈتۈن قەلب ۋۇجۇدىمىز بىلەن بۇ ئىلاھىي سۆيگۈ دېڭىزىغا شۇڭغۇپ، كەچۈرگىسىز



گۇناھلىرىمىزنىڭ ھېساپسىز داغلىرىنى يۇيىۋالايلى! پەرىشتىلەر كېلىپ «سەن قەبرى روھ قىلىنىشتىن ئىلگىرى قايسى ھالدا ئىدىڭ؟» دەپ سوراشتىن ئىلگىرى مىللىتىمىز پىشانىسىدىكى لەنىتى مەھكۇملۇق داغلىرىنى يۇيىۋېلىش ئۈچۈن كۈندۈزلىرىمىزنى ناماز، تەسبىھ، ياخشى ئەمەللەر بىلەن، كېچىلىرىمىزنى تەھەججۇد ئوقۇپ، جەينىمازدا بوقۇلداپ ياش تۆكۈپ ئاھ ئۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزەيلى! يىلىنايلى! يالۋۇرايلى! «ئى بىردىن - بىر تايانچىمىز بولغان مېھرىبان ئاللاھ! مەھكۇملۇقنىڭ مۆمىنگە ھاراملىقىنى ئوبدان بىلىمىز، چۈنكى مۇشۇ رامىزان ئېيىدا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىلەن پۈتۈن دۇنياغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭ شۇنداق تەلىم بەرگەن، ساھابىلەر ئەمەلىي ھاياتى ئارقىلىق ئۇنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. بىزنى ئەنە شۇنداق مەھكۇملۇق ھارام قىلىنغان ھەقىقىي مەردى - مۆمىنلەردىن قىلغىن! قىلمىشىمىز تۈپەيلى بېشىمىزدا لەيلەپ يۈرگەن بۇ قارا قىسمەتلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلغىن! ئەگەر سەن رەھمەت قىلمىساڭ، بۇ ئازاپلارغا سەۋەبكار بولغان جىنايەتلىرىمىزنى ئەپۇ قىلمىساڭ، دۇنيادىكى مەھكۇملىقىمىز ئاخىرەتتىمۇ چوقۇم بىزنى دوزاققا مەھكۇم قىلىدۇ. رەھىم قىلغىن ئى ئاللاھ! رەھىم قىلغىن! بىزگىمۇ خۇددى ساھابىلەردەك پىداكارلىق روھى ئاتا قىلىپ، بۇ زۇلمەتلىك قەپەسلەردىن نىجاتلىقنىڭ يولىنى ئېچىپ بەرگىن! بىز ساڭىلا تايىنىمىز، ساڭىلا نالە قىلىمىز، سەندىنلا ئۈمىت كۈتىمىز» دەپ ھەر كېچە ئىككى رەكئەت ناماز بىلەن دۇئا قىلايلى! ئاللاھقا پۈتۈن قايغۇلۇق ئەلەملىرىمىزنى ئەرزۇگۇدەك قىلىپ ئاڭلىتايلى! بۇ بىر ئايلىق غەنىمەت پۇرسەتنىڭ ھەربىر لەھزىلىرىنى ئاللاھنىڭ ئىشقىغا غەرىق بولۇپ، ئۇنىڭ ھېساپسىز خەيرى - ئېھسان، كۆيۈم، شەپقەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئۆزىمىزنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتقان ھالدا ئۆتكۈزەيلىكى، بىرەر مىنۇتىمۇ ئاللاھنى خۇشال قىلمايدىغان ئىشلارغا سەرپ بولۇپ قالمىسۇن. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلەيلى! چۈنكى مانا تېخى يېقىنقىلا بەزىلىرىمىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، بەزىلىرىمىزنىڭ ھەدە، سىڭىل، قېرىنداشلىرى مۇشۇ مۇبارەك سائەتلەرنى كۆرۈشكە ئۇلگۈرمەي ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېتىپ قالدى. بىزگىمۇ يەنە كېلەر يىلى بۇ مۇبارەك رامىزاننىڭ جامالىنى كۆرۈش نېسىپ بولامدۇ ياكى بولمامدۇ ھېچ كىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. ئەتە يەنە تىرىك قوپالايدىغانلىقىمىزغا قانداق ئىشىنىسەك، ئەتە كارۋانتا ئۆلۈشتەك ئەڭ ئەرزىمەس ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدىغانلىقىمىزغىمۇ يەنە شۇنداق ئىشىنەيلى! بۇ مۇبارەك رامىزان ئېيىنىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈننىڭ ئۆزىنىلا غەنىمەت بىلىپ، ئۆلۈمدىن بىر كۈن ئىلگىرى قىلىشقا ئالدىرايدىغان بارلىق ئىشلىرىمىزنى قىلىۋالايلى!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [ياخشىلار نېمەت ئىچىدە (يەنى جەننەتتە) بولىدۇ. ئۇلار تەختلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ (الله نىڭ جەننەتتە ئۇلارغا بەرگەن تۈرلۈك نېمەتلىرىگە) قارايدۇ. ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، نېمەتنىڭ (ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن چىقىپ تۇرغان) ئەسىرىنى تونۇيسەن، ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئىچىشنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن!] [11]

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


1 ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئەسقەلەدنىڭ رىۋايىتى، "تەپسىر ئىبنى كەسىر" ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى، 1 - جىلد، 293 - بەت.
2 سۈرە بەقەرە، 185 - ئايەت.
3 سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ شاھ فەيسەل نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان "قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە، تەپسىرى، 73 - ۋە 74 - بەت.
4 سۈرە بەقەرە، 185 - ئايەت.
5 سۈرە بەقەرە، 183 - ئايەت.
6 دوكتۇر سەئۇد ئابدۇل ئەزىز ئەل خەلەفنىڭ "يەھۇدى ۋە خىرىستىيان دىنىدىن مەلۇماتلار" دېگەن كىتابى 134 - ۋە 135 بەت.
7 سۈرە ئەنئام، 160 - ئايەت
8 دوكتۇر مۇھەممەد ھەمىدۇللاھنىڭ "باھاۋۇلپۇر خۇتبىلىرى" ناملىق ئەسىرىنىڭ 207 - ۋە 208 - بەتلىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى
9 دوكتۇر مۇھەممەد ھەمىدۇللاھنىڭ "باھاۋۇلپۇر خۇتبىلىرى" ناملىق ئەسىرىنىڭ 206 - ۋە 207 - بەتلىرىدىن ئېلىندى
10 سەييىد ئەبۇل ئەلا مەۋدۇدىنىڭ "جۈمە خۇتبىلىرى" ناملىق ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە كىتابىنىڭ "روزا" بابىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.
11 مۇتەففىفىن سۈرىسى، 22- ئايەتتىن 26- ئايەتكىچە

## ھەدىس شەرىپتىن

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله ئەززەۋەجەل مۇنداق دەيدۇ: "ئادەم بالىسىنىڭ ھەر بىر ئەمەلى ئۆزى ئۈچۈن بولىدۇ. (الله بەندىنىڭ ئەجرىنى مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئارقىلىق بېرىدۇ) روزا مەن ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەجرىنى ئۆزەم بېرىمەن. (رامزاننىڭ ئەجرىنى ئېلىپ كېلىشكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئاجىزلىق قىلىدۇ، شۇڭىمۇ ئۇنىڭ ئەجرىنى الله ئۆزى بېرىدۇ) روزا دېگەن دوزاختىن ساقلىغۇچى قالقاندۇر. سىلەردىن بىرەرسىڭلار روزا تۇتسا، سەت گەپ قىلمىسۇن. جېدەللەشمىسۇن، ئەگەر بىراۋ ئۇرۇشماقچى بولسا ياكى تىللىسا ئۇ كىشى: مەن روزا تۇتقۇچىدۇرمەن - دېسۇن. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئاغزىنىڭ پۇرىقى الله نىڭ نەزىرىدە ئىپاردىنمۇ خۇشبۇيدۇر. روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق بار. بىرى ئىپتار قىلغان چاغدىكى خۇشاللىق، يەنە بىرى الله غا ئۇچراشقاندا روزىنىڭ مۇكاپاتىنى ئېلىش خۇشاللىقىدۇر"».

[بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمانلار! ئالدى بىلەن جانابى ئاللاھتىن ھەممىڭلارنىڭ سالىھ ئەمەللىرىڭلارنى قوبۇل قىلىشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن تىلەيمىز. شۇنىڭدىن "پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن" دەپ ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرغان دەقىقىلەردە بۇ ماتېرىيال ۋە بۇ توردىكى ماتېرىياللارنى ھازىرلاپ ھوزۇرۇڭلارغا سۇنغان ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزىدىكى بارلىق قېرىنداشلىرىڭلارنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويمىغايسىلەر!

**ھۆرمەت بىلەن ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى**

**www.munber.org**



كامىلجان

# كەلىڭلار، ئاللاھنىڭ سۆيگۈ دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كېتەيلى!

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى